# تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا توردا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش ئارقىلىق قەھرىمانلار، قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رېن خۇا خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى ليۇ جيې 14 ياشلىق ئوغلى بىلەن بىللە «ئېھتىرام بىلدۈرۈش . 2020 چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش»تىن ئىبارەت توردا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلدى، سۆز قالدۇردى. «بۇنداق قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتى ئارقىلىق، بالىلارنىڭ تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دۆلەتكە يارامىلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ليۇ جيې.

بۇ يىل چىڭمىڭ مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى نازارىتى «ئېھتىرام بىلدۈرۈش . 2020 چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش»تىن ئىبارەت توردا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، توردا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش مەخسۇس تېمىسىدا بەت ئېچىپ، «خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا گۈل قويۇش» «تەتۈر يۈرۈش قىلغۇچى قەھرىمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش» «قىزىل ھېكايىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش» «ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇش» «قەھرىمانلار، قۇربانلار خاتىرە سارىيى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش» «قەھرىمانلار، قۇربانلارنى چۈشەندۈرگۈچىلەر مۇسابىقىسىنى كۆرۈش» ۋە «سۆز قالدۇرۇش» قاتارلىق يەتتە قانال مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلدى ھەم توردا كۈچ ئۇلاپ قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش، مىكروبلوگ، تېلېۋىزور تېرمىنالى قاتارلىق قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش سۇپىلىرىنى چىقىرىپ، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى.

ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار، قىسمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دېھقان ـ چارۋىچىلار قاتارلىقلار ئاكتىپ قاتناشتى. پائالىيەت داۋامىدا، كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان، ئىسسىق قېنىنى تۆكىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىمىز ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرىمىز.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قورغاس ناھىيەسى جېڭخې جيايۈەن مەھەللىسىدىكى موپىسىپىت جاڭ مىڭسەي ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە «شىنجاڭدىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر» ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى ئارقىلىق، قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈشكە قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلدى. «مەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي، ھەر يىلى چىڭمىڭ بايرىمىدا ئائىلەمدىكىلەرنى باشلاپ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلايمەن، سۈپۈرىمەن، بىز ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ روھىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز» دېدى جاڭ مىڭسەي.

قومۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، پىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتى مائارىپ تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن شەھەردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا «توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى»نى كەڭ قانات يايدۇردى، نۆۋەتتە پائالىيەتكە قاتناشقان ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار 60 مىڭدىن ئاشتى. «ئىنقىلابىي ئەجدادلار ھەققانىيەت يولىدا جېنىنى پىدا قىلمىغان بولسا، بىزنىڭ ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىز بولمايتتى، بىز ھازىرنى قەدىرلەپ، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز» دېدى قومۇل شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 2 ـ يىللىق (1) ـ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاۋ جياۋېي.

ئىگىلىنىشچە، «توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن سىرت، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى تارماقلىرى يەنە شۇ جايدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا چىڭمىڭدا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن، خىزمەتچى خادىملار قەبرە تاشلىرىنى سۈرتكەن، قەھرىمانلار، قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلغان، يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋاكالىتەن قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئەتكەن ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن.

ھازىرغىچە، «ئېھتىرام بىلدۈرۈش. 2020 چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش»تىن ئىبارەت توردا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈشتە گۈل تەقدىم قىلغانلار 3 مىليون 400 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن، قالدۇرغان سۆز 320 مىڭدىن ئاشقان. ئىگىلىنىشچە، بۇ قېتىمقى «توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» پائالىيىتى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدىكەن.



**توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش**

**3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، كورلا شەھەرلىك 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭخۇا قەھرىمانلار، قۇربانلار توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلدى، سېغىنىشنى ئىپادىلىدى.**

□ۋېي يىنخې فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، ھاياتلىق قىممىتىگە بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت. «دۆلەت قانچە گۈللەنسە، پۇقرالارغا شۇنچە غەمخورلۇق قىلالايدۇ.» بۇ مەيدان يامان ئەلپازدا كەلگەن يۇقۇم ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دەسلەپتىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قوللانغان بارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقنىڭ ھاياتىنى داۋالاپ قۇتقۇزۇش ئالدى بىلەن ئويلىشىلدى، نامايان قىلىنغىنى خەلق مەركەز قىلىنغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى بولدى. «ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيەت»دەپ تەكىتلەشتىن خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىگە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكىچە، يەنە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشكىچە، خەلق ھەممىدىن ئەلا، ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا دېگەن قىممەت ئىدىيەسى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلدى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولغانلار غەلىبە قىلالايدۇ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغانلار يېڭەلەيدۇ. بىز تەزىيە بىلدۈرۈش داۋامىدا ھاياتلىقنىڭ قىممەتلىكلىكى، ھاياتلىقنى ئىززەتلەش ـ ھۆرمەتلەشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەش ئىشەنچىمىز ۋە جاسارىتىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتايلى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچلۇق مۇھىم نەتىجە ـ ئۇنۇم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى نامايان قىلىندى. بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك قەھرىمانلىق خىسلىتى نامايان قىلىندى، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى نامايان قىلىندى، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلەت نامايان قىلىندى، قانۇنىيەتنى ئىگىلەش، ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىشتەك ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيە نامايان قىلىندى، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، تەقدىرداش بولۇشتەك كەڭ قورساقلىق نامايان قىلىندى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. جۇڭخۇا مىللىتى تارىختا نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، لېكىن ئەزەلدىن باش ئەگمەي، بەلكى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانسېرى شۇنچە قەيسەر بولۇپ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە غەيرەتكە كەلگەن. ئاپەتتە تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولغان مىللەت جەزمەن تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ يېڭىلمەس بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاپەتتە يوقىتىپ قويغانلىرى جەزمەن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشى داۋامىدا تولۇقلىنىدۇ.

بوران ـ چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۇرمۇش يەنە داۋاملىشىدۇ؛ قازا قىلغانلار خاتىرجەم يېتىڭلار، ھايات قالغانلار قەيسەر بولايلى. ئۇلۇغ مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بارلىق قىيىنچىلىق، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ مېڭىش ھەم قازا قىلغانلارغا بولغان ئەڭ ياخشى تەسەللى ھەم ھايات قالغانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، داۋاملىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# تەزىيە بىلدۈرۈش تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرىلەش ئۈچۈندۇر

**تىيانشان مۇلاھىزىسى**

□فەن خۇيې

بىر يىلنىڭ چىڭمىڭ مەزگىلى يەنە يېتىپ كەلدى، قۇياش پېتىپ باھار شامىلى قايغۇلۇق سېغىنىشنى ئېلىپ كەلدى. بۇ يىل، بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى جۇڭخۇا مىللىتىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، يەنە بىر قېتىم ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق سىناققا دۇچ كەلتۈردى. بۇ مەيدان پەۋقۇلئاددە ئومۇمىي خەلق «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە، مىليونلىغان قېرىنداشلار مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى، قەھرىمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ مەنىۋى كوردىناتىغا ئايلاندى. قازا قىلغانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش كۈنىدە، بىز يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردۇق.

ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا. «خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك»، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق ۋە قەتئىي مۇھىم سۆزى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى، پارتىيەمىزنىڭ خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا يۇقىرى ـ تۆۋەندە بىر نىيەتتە كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ كۈچلۈك چاقىرىقى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ۋۇخەننى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلغان پۈتۈن مەملىكەت تۇپرىقىدا يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇلۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچلۇق مۇھىم نەتىجە ـ ئۇنۇم قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مەيدان كەسكىن كۆرەشتە نامايان بولغان دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان جۇڭگو سۈرئىتى، جۇڭگو ئۈنۈمى، جۇڭگو كۈچى بىزگە بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىدىغان مىللىي روھنى ھېس قىلدۇردى، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك دۆلەت ھېسسىياتىنى ھېس قىلدۇردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى. بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە نۇرغۇن كىشىلەر قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بىز ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. بۇ مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقۇمدا، گەرچە پۈتۈن كۈچ بىلەن داۋالاپ قۇتقۇزغان بولساقمۇ، يەنىلا بەختكە قارشى قازا قىلغان قېرىنداشلىرىمىز بار، بىز ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈرىمىز. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مەملىكەت خاراكتېرلىك تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، بۇنىڭدا نامايان قىلىنغىنى پۈتكۈل ھاياتلىققا بولغان ھۆرمەت ۋە قازا قىلغانلارغا بولغان ياد ئېتىش بولۇپ، قان بىلەن گۆشتەك قېرىنداشلىق مېھىر ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ياد ئېتىش داۋامىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئەڭ سەممىي تەزىيە ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتۇر. دۆلەتكە پايدىلىق بولسىلا، ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ باش تارتماسلىق، بالاغا قېلىشتىن قورقماسلىق، ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىق. ھەر قېتىملىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىكى ھالقىلىق پەيتتە، ھامان بىر قىسىم كىشىلەر بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ، باشقىلارنى ئويلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئىسسىق قېنى بىلەن پارتىيە ۋە خەلققە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، ئۇلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاياتى ئارقىلىق قەسەم سۆزىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى ئارقىلىق تۇنجى بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى قۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئىللىق باھاردا ئەركىن سەيرگە چىقالىشىمىز، خاتىرجەم خىزمەت، ئۆگىنىش قىلالىشىمىز، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىمىز ئۇلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن. ئۇلار ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تاغ ـ دەريالارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى، دۆلەتنىڭ ئاسايىشلىقىنى قايتۇرۇپ كەلدى، بىز قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مەڭگۈ ئەستە ساقلايمىز.

ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەش ئەڭ چوڭقۇر تەزىيە ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتۇر. قازا قىلغانلارنى خاتىرجەم قىلىپ، ھاياتلارغا ئىلھام بېرىمىز، ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىمىز. «ئۈمىد بار مىللەتتە قەھرىمان بولمىسا بولمايدۇ، ئىستىقبالى بار دۆلەتتە ئاۋانگارتلار بولمىسا بولمايدۇ.» يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تېخىمۇ قەتئىي ھالدا كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك. بۈگۈن، بىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە قۇربان بولغان قەھرىمانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، ئېھتىرام بىلدۈرۈشتە، بۇ مەيدان ئاپەتنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز، دۆلەت ۋە مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقنى بېشىدىنمۇ ئېگىز كۆتۈرگەن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز تەبىئەتتىن ئەيمىنىش، ھاياتلىقنى قەدىرلەش، تۇرمۇشنى سۆيۈش ئېڭىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى، بىز ئاشۇ باتۇرلارچە قۇربان بولغان كىشىلەردىن پارتىيەنى، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيىدىغان مەنىۋى كۈچنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى چىڭتىپ، داۋاملىق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك!

بەزى كىشىلەر بار، گەرچە ئۇلار بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، مەڭگۈ ئەستە ساقلىنىدۇ؛ بىر خىل روھ بار، زامان، ماكاندىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئەمما تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. چىڭمىڭ مەزگىلىدە، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا تەزىيە بىلدۈرۈلدى. گەرچە ئۇلار ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن تارقالغان شانلىق نۇرنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتىمىز، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچى ۋە جاسارىتىگە تولىمىز.